# سەنمىڭنىڭ جاۋاب قەغىزى

## —— شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ فۇجيەن سەنمىڭدا ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

(بېشى 3 ـ بەتتە)

شۇنچىلىك مۇرەككەپ، سەزگۈر بولغان مۇھىم، زور ئىسلاھات نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە مەسىلىنى ھەل قىلالىدى ھەم پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق بولغان، ھەتتا دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن «سەنمىڭ داۋالاش ئىسلاھاتى»نىڭ تىپىك تەجرىبىسىگە ئايلىنالىدى؟

سەنمىڭ سانائەت سەۋەبلىك گۈللەنگەن بولۇپ، پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى، «بېيىماي تۇرۇپ قېرىپ كېتىش» ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ئىدى. سەنمىڭ بىرمەھەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ «تىك يار» لېۋىدە تۇرۇپ قالغان بولۇپ، فوندتىن 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيان تارتقان، مالىيەسى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشكە ئامالسىز قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، داۋالاش بايلىقى ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەرلىك بولماسلىق، شەھەر، يېزىلارنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىق سەۋەبىدىن، ئاممىنىڭ «كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش قىممەت بولۇش» مەسىلىسى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىدى.

ھەم ئاچچىق ساۋاقنى ئەسكە ئېلىش كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭغا يۈزلىنىش، ئۇنى ھەل قىلىش كېرەك. 2012 ـ يىلى، سەنمىڭدىن ئىبارەت بۇ كىچىك شەھەر يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىر يۈكىنى ئاتلىق زىممىسىگە ئېلىپ، قەتئىيلىك بىلەن داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ «شىددەتلىك ئېقىن، خەتەرلىك ساھىل»ىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ «دورا ئارقىلىق دوختۇرخانىنى بېقىش» ئېغىشىنى تۈزىتىش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇشتىكى «ھەممە تەرەپ سۇ تۈزەش»نى بۇزۇپ تاشلاش، تىببىي داۋالاشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق، سەنمىڭ داۋالاش ئىسلاھاتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئىزدەندى.

پۇقرالارنىڭ «جاننى قۇتقۇزۇش پۇلى»غا مۇناسىۋەتلىك داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ساھەسىدە، سەنمىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدى بىلەن ئەسلىدىكى 24 داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنى بېجىرىش ئاپپاراتىنى بىرلەشتۈرۈپ، سەنمىڭ شەھەرلىك داۋالىنىش كاپالىتى فوندىنى باشقۇرۇش مەركىزىنى تەشكىللەپ قۇردى. 2016 ـ يىلى يەنە ئالدى بىلەن دورا سېتىۋېلىش ۋە داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسىنى بېكىتىش قاتارلىق فۇنكسىيەلەرنى يىغىپ تەشكىللەپ قۇرۇلغان داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسىگە بىرلىككە كەلتۈردى.

«دورا سېتىۋېلىش، دورا ئىشلىتىش ۋە ھەق تۆلەشتىن ئىبارەت ھەرقايسى ھالقىلارنى تارقاق باشقۇرۇشتىن مەركەزلىك باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتتۇق. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، سەھىيە ـ ساغلاملىق تارماقلىرى ۋە دوختۇرخانىلار ‹تاماق بۇيرۇتۇش›، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تارماقلىرى سېتىۋېلىش ۋە ‹تالون چىقىرىش›قا مەسئۇل بولۇپ، پۇقرالارغا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ ‹پۇل خالتىسى›نى بىرلىكتە ياخشى باشقۇرۇپ بەردى» دېدى سەنمىڭ شەھەرلىك داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى شۇ جىلۋەن.

«داۋالاش ئىسلاھاتى پۇقرالار ئۈچۈن ھەقىقىي خۇش خەۋەر» سەنمىڭ شەھىرىنىڭ ئاھالىسى چېن رۇيباڭ يۇقىرى قان بېسىمى، قەنت كېسىلى قاتارلىق سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. بۇلتۇر بىر يىلدا داۋالىنىش خىراجىتى ئۈچۈن 9668 يۈەن چىقىم قىلدى، شەخسىي تۆلىگەن نىسبىتى ئاران 10%نى ئىگىلىدى. داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ پايدىسىدا، چېن رۇيباڭ ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان ئىچىۋاتقان ئاكابوزا دورىسىغا پەقەت 9.21 يۈەن خەجلىدى، داۋالاش ئىسلاھاتىدىن بۇرۇنقى بېكىتىلگەن باھاسى 100 يۈەندىن ئاشاتتى.

داۋالاش ئىسلاھاتى خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك ئۆتۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇھىم، زور مەنپەئەتنى تەڭشەش ۋە تۈزۈلمىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا چېتىلىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى، دىققەت قىلدى.

2016 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 21 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، سەنمىڭنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرىنى مەخسۇس ئاڭلاپ ئۆتتى ھەم مۇئەييەنلەشتۈردى.

2017 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 33 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، سەنمىڭنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرىنى يۈكسەك مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «سەنمىڭنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى توغرا، نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك، كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 9 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، سەنمىڭنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، كېڭەيتىشنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاي، تاغلىق رايوندىكى بۇ كىچىك شەھەر ئادەتتىن تاشقىرى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى، بىر مەيدان پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى داۋالاش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەمبەھىرلىنىش، ئالماشتۇرۇش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق يېڭى بىر نۆۋەتلىك داۋالاش ئىسلاھاتىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

«ئۇچقۇن»دىن يالقۇنغىچە، سەنمىڭنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتى جۇڭگونىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىسلاھاتى تەرەققىيات تارىخىدا يارقىن سەھىپە پۈتتى.

2012 ـ يىلدىن بۇيان، سەنمىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 200 تۈردىن ئارتۇق داۋالاش ئىسلاھاتى سىياسىتىنى تۈزۈپ يولغا قويدى، «داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، تىببىي دورا، داۋالاش بىرلەشمە ھەرىكىتى» «ئىككى تالون تۈزۈمى» «بىر دورا، ئىككى خىل ئۆلچەم» ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىدارىسىنى تەشكىللەپ قۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەتنىڭ داۋالاش ئىسلاھاتى يۇقىرى قاتلام لايىھەسىگە كۆتۈرۈلدى.

«خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، دادىل قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىگەندىلا، ئىلگىرى قىلىشنى ئويلىغان، لېكىن قىلالمىغان نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ» دېدى سەنمىڭ شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى يۈ خۇڭشىڭ.

تەرەققىيات تېما چىقارسا، ئىسلاھات كۈچ سەرپ قىلسا، پۇقرالار ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىدۇ.

سەنمىڭنىڭ يۈكسەن شەھىرى خۇڭتيەن كەنتى 1998 ـ يىلى «تاغنى ئائىلىلەرگىچە تەقسىملەش» ئارقىلىق ئىسلاھاتتا يېڭىلىق ياراتقاچقا، «جۇڭگونىڭ ئورمانچىلىق ئىسلاھاتىدىكى ‹شياۋگاڭ كەنتى›» دەپ نام ئېلىپ، سەنمىڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە باشلامچى بولۇپ «تاغنىڭ ھوقۇقىنى بېكىتىش، ئورماننى مۇقىملاشتۇرۇش، كىشىلەر قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش»تىن ئىبارەت كوللېكتىپ ئورمان ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تاماملىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىلدە، تاغ كۆپ بولۇش، يېشىللىق كۆپ بولۇش سەنمىڭغا تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ئېلىپ كېلەلمىگەنىدى، بۇرۇنقى ئورمانچىلىق سىياسىتى قاتمال بولۇش، تاغ، ئورمانلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولماسلىقتەك چەكلىمە تۈپەيلىدىن، پۇقرالارنىڭ «تاغدا ياشاپ تاغقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشى» زور چەكلىمىگە ئۇچراپ، پۇقرالار يېشىللىق قاپلىغان تاغنى «ئىشكى ئېچىلمايدىغان يېشىل بانكا» دەپ ئاتىغانىدى.

1997 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يولداش شى جىنپىڭ شاشيەن ناھىيەسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق كۆرسەتتى: «شاشيەن ناھىيەسى ئورمانچىلىق چوڭ ناھىيەسى، ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە ئۈنۈمىگە ئېرىشكەندىن سىرت، يەنە ئورمانچىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە ئېرىشىش، ئورمانچىلىقنى ھەقىقىي تۈردە كەسىپ قىلىپ باشقۇرۇش كېرەك».

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ نىڭخۇا ناھىيەسىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا يەنە مۇنداق تەكىتلىدى: «ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش، ئورمانچىلىق كەسپى بىلەن ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە كەسپىنى بىرتۇتاش ياخشى تۇتۇش كېرەك، بولمىسا ھەممە يەرنى قاقاسلىق قاپلاپ، ئىككى قولىمىز قۇرۇق قالىدۇ».

«ئۇيقۇدا ياتقان تاغلارنى ئويغىتىش» دەپ ئاتالغان سەنمىڭنىڭ ئورمانچىلىق ئىسلاھاتى «يېشىل تاغنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت داۋلىنى تولۇق شەرھلەپ بەردى. سەنمىڭ تۇنجى يېڭىلىق يارىتىپ ئورمان ھوقۇقى رەنلىك قەرز پۇلى، «بەخت ئورمىنى قەرز پۇلى» قاتارلىق پۇل مۇئامىلە مەھسۇلاتلىرىنى چىقىرىپ، يېڭىلىق يارىتىپ «ئورمان بېلەتى تۈزۈمى» ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ يېشىل پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى سىناق رايونىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كوللېكتىپ ئورمانچىلىق ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىدىغان ئۆلگىلىك رايون بەرپا قىلىپ، «ئورمانچىلىق گۈللەنسە ئېكولوگىيە گۈزەللىشىش» «دەرەخ كەسمەيمۇ بېيىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

2019 ـ يىلى سەنمىڭ شەھىرى ئىشقا ئاشۇرغان ئورمانچىلىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 114 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە، ئورمان ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ يىللىق ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى 198 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، فۇجيەن ئۆلكىسى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

سەنمىڭ شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لىۇ شياۋيەن مۇنداق دېدى: سەنمىڭنىڭ ئورمانچىلىق ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مەۋقەنى تاغلىق رايوننىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئىسلاھاتتىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە پايدا ئېلىپ، ئورمان بايلىقىنى ھەقىقىي «سۇ ئامبىرى، پۇل ئامبىرى ۋە ئاشلىق ئامبىرى»غا ئايلاندۇرۇشنىڭ پايدىسىدىن بولدى.

### كېيىن تەرەققىي قىلىش قاناداق قىلىپ ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنى ئىشقا ئاشۇرالىدى؟

**—— تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، جاسارەت بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ، يېڭى بوشلۇقنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش**

ئالدى بىلەن سەنگاڭ بارلىققا كەلگەن، ئاندىن سەنمىڭ بارلىققا كەلگەن. سەنگاڭنىڭ سەنمىڭغا نىسبەتەن ئەھمىيىتى مۇھىم، زور.

تاغلىق رايونغا جايلاشقاچقا، خام ئەشيا ۋە بازاردىن ئىبارەت «ئىككى باش سىرتتا» ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخى يۇقىرى، كۆلەم ئەۋزەللىكى ئاجىز بولغاچقا، سەنگاڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

سەنگاڭ گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى لى لىجاڭ 2000 ـ يىلى، دەل كارخانا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەڭ كۈچەۋاتقان ۋاقىتتا، يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئىككى قېتىم كارخانىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: «زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش بىلەن ئىسلاھات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش بىلەن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىنىڭ تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاخىرىدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك».

شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم سەنگاڭغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قۇشقاچنى ئوپېراتسىيە قىلىش شەكلىدە زاۋۇت رايونى، سېخلاردا توپتوغرا بىر كۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، بىر تەرەپتىن كۆردى، بىر تەرەپتىن سورىدى، بىر تەرەپتىن ئويلاندى.

شۇ يىلى ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن لى لىجاڭ سەنگاڭ تاياقچە ماتېرىيال زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى ئىدى. ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: شۇ كۈنى ئېچىلغان سۆھبەت يىغىنىدا، يولداش شى جىنپىڭ «سەنگاڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتتا ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلاپتۇ، بۇ تىپىك ئۆلگە كۆرسىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە، پۈتۈن ئۆلكىدە كېڭەيتىشكە بولىدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سەنگاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ھەمدە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىر قاتار سۆزلەر تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا سەنگاڭلىقلارنىڭ بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئىرادىسىنى قوزغىدى.

سەنگاڭ ئىنچىكىلەشكەن ۋاستە ئارقىلىق باشقۇرۇشنى قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇردى. يېڭىلىق يارىتىشنى يېتەكچى قىلىپ، سەنگاڭ ئالتە چوڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، تارماق ھالقىغان، كەسىپ ھالقىغان يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يولغا قويدى.

20 يىل مابەينىدە، سەنگاڭنىڭ پولات مەھسۇلات مىقدارى 2000 ـ يىلدىكى 1 مىليون 170 مىڭ توننىدىن كۆپىيىپ 2019 ـ يىلدىكى 12 مىليون 400 مىڭ تونناغا يەتتى، مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 40 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 46 مىليارد 660 مىليون يۈەنگە يەتتى، پايدا ئومۇمىي سوممىسى، ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى، توننا پولاتنىڭ پايدا بېجى پۈتۈن مەملىكەتتىكى پولات ـ تۆمۈر ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا ئادەمنىڭ ماشىنىلاشقان ئايلانما بىلىكى پولات تاۋلاش دومنا پېچىدا ئىشلەشكە باشلىدى، سەنگاڭنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ تېپىنى ئۆزگەرتىشى رەسمىي باشلاندى.

«بىز كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش بويىچە سۇبيېكتلىق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىكى پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، سانائەت ماشىنا ئادىمى، ماشىنا كۆرۈش سېزىمى تېخنىكىسى، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان جابدۇق ۋە سانائەت ئالاقە تورىدىن پايدىلىنىپ، پولات ـ تۆمۈر ياسىمچىلىقىدىن پولات ـ تۆمۈر ئاقىل ياسىمچىلىقىغا يۈزلىنىۋاتىمىز» دېدى لى لىجاڭ.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى يادرولۇق ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، سەنمىڭ بىر تەرەپتىن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشتە يېڭىلىق يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ يېشىللىشىش، يۇقىرى دەرىجىلىكلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىششىنى تېزلىتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ خاسلىشىش، توپلىشىش، زەنجىرلىشىشىگە تۈرتكە بولىدۇ» دېدى سەنمىڭ شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جېڭ ۋېنلى.

سەنمىڭ «ئومۇمىي مىقدارنى زورايتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش»نى نىشان قىلىپ، پولات ـ تۆمۈر ۋە جابدۇق ياسىمچىلىقى، يېڭى ماتېرىيال، مەدەنىيەت ـ ساياھەت ـ ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش، خاس زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق تۆت چوڭ يېتەكچى كەسىپنى نۇقتىلىق بەرپا قىلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

سەنمىڭدا سانائەت مۇھىم تۈۋرۈك، يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتى بولسا مۇھىمنىڭ مۇھىمى.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يولداش شى جىنپىڭ بىرىنچى قېتىم سەنمىڭغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا «يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى سەنمىڭ خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتا» دەپ كۆرسەتتى ھەم سەنمىڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

داتيەن ناھىيەسىنىڭ گۇاڭپىڭ بازىرى يۈەنشا كەنتىدىكى ۋۇلۇڭشەن تېغىدا، 700 مو ياپپېشىل چايزارلىق تاغ باغرىنى بويلاپ سوزۇلۇپ ياتىدۇ، نۇرغۇن ساياھەتچى پىيادىلەر يولىنى بويلاپ سەيلە قىلىدۇ.

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، يولداش شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، چايزارلىق تاغدىكى چىغىر يولنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. چايزارلىق تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ياپپېشىل چايزارلىققا نەزەر سالدى، يولداش شى جىنپىڭ ئالاھىدە مۇنداق تاپىلىدى: داتيەن چاي كەسپىنى تۇتقاندا، چاي كەسپىنى ئېكولوگىيەلىك، يېشىل، ئورگانىك يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر پىششىقلاشقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چاي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز جايىنىڭ سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ نامىنى چىقىرىشى كېرەك.

ھازىر، داتيەن ناھىيەسىدە جەمئىي 100 مىڭ مو چايزارلىق، 2000دىن ئارتۇق چاي پىششىقلاش زاۋۇتى بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ. يۈەنشا كەنتىنىڭ يىللىق چاي مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، كەنت ئاھالىلىرى كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 22 مىڭ يۈەن ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

«چاي يوپۇرمىقى كونا ئىنقىلابىي رايوندىكى خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشىدىكى ئالتۇن يوپۇرماققا ئايلاندى» دېدى ئەينى يىلى يولداش شى جىنپىڭغا ھەمراھ بولغان پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىسى جاڭ نەيلىۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، سەنمىڭ مەۋقەنى شەھەر ئەھۋالىغا قويۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، يېشىل ئېكولوگىيە بايلىقى ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيە ئىدىيەسى ئارقىلىق خاس زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئاشلىق، يېشىل ئورمانچىلىق، نەپىس باغۋەنچىلىك قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك كەسپى ۋە ئۇرۇقلۇق شال يېتىشتۈرۈش، يېمەكلىك زەمبۇرۇغى قاتارلىق 20 نەچچە خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى.

ئالاقە تورىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، سەنمىڭنىڭ يېزا ئىگىلىك زەنجىرى ئۈزلۈكسىز سىرتقا ئۇزارادى.

«ھەي، كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر، مەن نۇڭخېبرشى.» بۇ ۋاڭخۇڭ «نۇڭخېبرشى» ئىشلىگەن 700گە يېقىن سىن ئەسەردە ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن مۇقەددىمە سۆزى. ئۇ 337 مىڭ مەستانىسىگە تايىنىپ بۇ يىل دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 1 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېقىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى.

«نۇڭخېبرشى»نىڭ ھەقىقىي ئىسمى لياۋ شېڭخۇا بولۇپ، نىڭخۇا ناھىيەسىنىڭ خۇەيتۇ بازىرى خېكېڭ كەنتىدىن. ئىككى يېرىم يىل ئىلگىرى، سىن ئىشلەش جەھەتتە ماھارەت ئارتۇقچىلىقى بار لياۋ شېڭخۇا شەھەردىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، يېزىدىكى يۇرتىغا قايتىپ دېھقانلارنىڭ بازار ئېچىشىغا ياردەم بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، لياۋ شېڭخۇا تېرىقچىلىق كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، ئېلېكترونلۇق سودا شىركىتىنى تەشكىللەپ قۇردى. «ھازىر تور ياخشى، قاتناش ياخشى، مۇھىت ياخشى، كەلگۈسىدىكى يېزىمىزمۇ ئوخشاشلا گۈزەل بولىدۇ، چوڭ سەھنىگە ئايلىنىدۇ» دېدى لياۋ شېڭخۇا.

گۈزەل يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شالغۇت ئۇرۇقلۇق شال ئىشلەپچىقىرىشتىكى 1 ـ شەھەر بەرپا قىلىش، خاس يېزا ئىگىلىكىدە يۇغۇرما ئۆلگە يارىتىش، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوللىنىشنى يۇقىرى ئۈنۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش... يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش يولىدا، سەنمىڭنىڭ زاپاس كۈچى يېتەرلىك بولىدى.

ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇلۇغ مەنىۋى كۈچكە موھتاج.

سەنمىڭ بىر مەدەنىي شەھەر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ئىشنى ئامما ئىنكاس قىلغان «مەينەت، قالايمىقان، ناچار بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، سەنمىڭ «سەنمىڭدىن رازى بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكە داڭلىق شەھەر مەدەنىيلىك سۈپەتلىك ماركىسىغا ئايلاندى.

2015 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت ـ بازار، مەدەنىي ئورۇن ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئىلغارلار ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق كۆرسەتتى: «يېڭى مەزگىلدىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى سەنمىڭدىن باشلانغان».

باش شۇجى شى جىنپىڭ شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ماددىي بايلىق ئىنتايىن مول بولۇشى، مەنىۋى بايلىقمۇ ئىنتايىن مول بولۇشى كېرەك.

بۇ قىزىل تۇپراقتا يېڭى كۈچ مۇجەسسەملەنمەكتە.

نىڭخۇا ناھىيەسىدىكى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندا يىغىلغان مەيداندا «ھەربىي كاناي ياڭرايدۇ» ناملىق چوڭ تىپتىكى ھەيكەل قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بىر قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بەدىنىنى ئالدىغا ئېگىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئاتاكا سىگنالى چېلىۋاتاتتى.

كېلەر يىلى، يېڭىدىن ياسالغان ئىككى تۆمۈر يولنىڭ بۇ يەرگە تۇتاشتۇرۇلۇپ، نىڭخۇا ئۈچۈن يېڭى تەرەققىيات بوشلۇقى ئېچىشىدىن ئۈمىد بار.

سەنمىڭلىقلار ئىشچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ياش بىر ئەۋلادلار بىلىمگە ئىنتىلىدۇ.

داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەچكە، نىڭخۇا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى شۇ جايدا «رىۋايەتلەردىكى مەكتەپ» دەپ تەرىپلىنىدۇ، مەكتەپ قورۇسىدا، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى يېزىلغان بىر پارچە تاختا ئېگىز ئېسىلغانىدى —— «2021، سېنى كۈتىمەن!»

يېڭى بىر يىل يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن سەنمىڭ، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن جۇڭگو جەزمەن داۋاملىق يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ...

**(مۇخبىرلار جاڭ شۇدۇڭ، جاۋ چاۋ، تۇ خۇڭچاڭ، لىن چاۋ، گاۋ جىڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۇ، 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)